سەلتەنەتلىك 70 يىل كۆرەشچان يېڭى دەۋر
مۇخبىرلار ئۇزۇن سەپەر يولىدا قايتا مېڭىش

# قىزىل ئارمىيە ئۆتكۆرى  قىزىل ئارمىيە يولى  خۇڭيەن كەنتى

## —— مەڭگۈ ئۈزۈلمەس ئۇزۇن سەپەر روھى

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى

قورقمىدى خۇڭجۈن ئۇزۇن، مۇشكۈل سەپەردىن ھېچقاچان، قىلچىمۇ تۇسالمىدى مىڭلارچە دەريا، تاغ ـ داۋان. ئاشۇ مەيدان ئۇلۇغ ئۇزۇن سەپەرگە 80 نەچچە يىل بولدى، ئۇ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىش تارىخىي مۇساپىسىگە رەڭدار، شانلىق بىر بەتنى پۈتۈپ چىقىپلا قالماي، شۇنداقلا جۇڭگو خەلقى، ھەتتاكى دۇنيا خەلقىگە بىباھا مەنىۋى مىراس قالدۇردى.

بۈگۈن بىز قىزىل ئارمىيەنىڭ ئىزىنى بويلاپ، ئۇزۇن سەپەر روھىنى قايتا ئەسكە ئېلىپ، ئەجدادلارنىڭ پارتىيەنى سۆيىدىغان، خەلقنى سۆيىدىغان سەممىي ـ ساداقەتمەن قەلبىنى ھېس قىلدۇق. قىزىل ئارمىيە ئۆتكۆرىدىن قىزىل ئارمىيە يولىغىچە، خۇڭيەن كەنتىدىن يەنە ھازىرقى تەرەققىياتقىچە، ئۇزۇن سەپەر مەڭگۈ داۋاملىشىدۇ، ئۇزۇن سەپەر روھى مەڭگۈ ئۈزۈلمەيدۇ.

### ■ جاپا ـ مۇشەققەت ئىچىدىن غەلىبىگە قاراپ ماڭىدىغان يولنى ئېچىش

جۇڭچىلىك چىجياڭ رايونى شىخاۋ بازىرىدا، ھازىرغىچە بىر بۆلەك «ئەسلىي ئېكولوگىيە»لىك قىزىل ئارمىيە يولى ساقلانماقتا. ئۇ بىر شېغىللىق تىك تاغ يولى، يان تەرىپى قويۇق ئورمان بىلەن قاپلانغان جىلغا. بۇ تاغ يولنىڭ نۇرغۇن جايلىرى يەنە ناھايىتى تار بولۇپ، ھەربىر قەدەمنى ئالغاندا، ھەربىر بۇرۇلغاندا تاش پارچىلىرىغا دەسسىۋېلىپ يىقىلىپ كېتىش ئېھتىماللىقى بار ئىدى.

قىزىل ئارمىيە يولىنىڭ ئاخىرلىشىش نۇقتىسىدىكى يول تاختىسىدا مۇنداق دەپ تونۇشتۇرۇلغان: 1935 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، زۇنيى يىغىنى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، قىزىل 1 ـ جۈنتۇەندىكى 8000دىن ئارتۇق ئادەم گۈيجوۋ سۇڭكەندىن يولغا چىقىپ، جېنتوۋيادىن ئۆتۈپ جۇڭچىلىك شىخاۋچاڭغا كەلگەن، بۇ يەردە ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، قىسىم 1 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئاتلىنىپ، گۈيجوۋغا يۈرۈش قىلىپ بىرىنچى قېتىم چىشۈي دەرياسىدىن ئۆتۈشنى باشلىغان.

جۇڭچىلىك چىجياڭ رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى يۈەن چىنخۇا مۇنداق دېدى: بۈگۈنكى كىشىلەرگە قىزىل ئارمىيە بېسىپ ئۆتكەن ئۇزۇن سەپەرنىڭ جاپا ـ مۇشەققىتىنى تېخىمۇ ھەقىقىي ھېس قىلدۇرۇش ئۈچۈن، شۇ جاي بار ئاماللار بىلەن بۇ يولنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى ساقلاپ قالدى.

ھالبۇكى، قىزىل ئارمىيە ئۇزۇن سەپەردە يەڭگەن جاپا ـ مۇشەققەت پەقەت يول يۈرۈش قىيىنچىلىقىلا ئەمەس. ئۇلار چىغ چورۇق كىيىپ ياكى يالىڭاياغ ھالدا يۈك ـ تاقلىرىنى دۈمبىسىگە ئارتىپ، ئات ـ ئۇلاغلارنى يېتىلەپ يول يۈرگەن، يەنە تېخى يارىدارلارنى نوسىلكىدا كۆتۈرۈپ، يۆلەپ ئېلىپ ماڭغان، كۆپ چاغلاردا ئاسماندىكى دۈشمەن ئايروپىلانلىرى بومباردىمان قىلغان، كەينىدىن دۈشمەن ئارمىيەسى قوغلاپ ھۇجۇم قىلىپ تۇرغان.

ئامېرىكىلىق داڭلىق مۇخبىر ئېدگارد سنو «قىزىل يۇلتۇز جۇڭگونى نۇرلاندۇردى» دېگەن كىتابىدا مۇنداق يازغان: يول بويى، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كۈندە دېگۈدەك بىر قېتىم كىچىك ئۇرۇش بولۇپ تۇراتتى، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر كۈنى 71 چاقىرىم يول يۈرەتتى. «بۇنداق چوڭ قوشۇن مۇشۇنداق ئوتتۇرىچە سۈرئەت بىلەن مېڭىپ دۇنيادىكى ئەڭ خەتەرلىك سانىلىدىغان نۇرغۇن جايلاردىن ئۆتكەن، بۇ ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك ھەربىي يۈرۈش» دېگەن سنو ھاياجان بىلەن.

ئۇزۇن سەپەردە، قىزىل ئارمىيەدىكى كوماندىر ـ جەڭچىلەر دۈشمەن بىلەن 600 قېتىمدىن ئارتۇق ئۇرۇش ۋە جەڭ قىلغان، 100گە يېقىن دەريادىن كېچىپ ئۆتكەن، 40 نەچچە ئېگىز تاغ، خەتەرلىك چوققىدىن ھالقىپ ئۆتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4000 مېتىردىن ئاشىدىغان قارلىق تاغدىنلا 20 نەچچىسى بار، «ھالاكەت قىلتىقى» دەپ ئاتىلىدىغان بىپايان ئوتلاقتىن كېسىپ ئۆتكەن، قەيسەر ئىرادىسى بىلەن ئىنسانلارنىڭ ياشاش چېكىنى بويسۇندۇرغان.

ئۇزۇن سەپەر ۋاقتىنىڭ ئۇزاقلىقى، كۆلىمىنىڭ كەڭلىكى، مۇساپىسىنىڭ يىراقلىقى، مۇھىتىنىڭ خەتەرلىكلىكى، جەڭنىڭ ئېچىنىشلىقلىقىنى بۈگۈنكى كۈندە بىز تەسەۋۋۇر قىلىپ بولالمايمىز. «بوران ـ چاپقۇندا كىيىملەر ھۆل بولۇپ كەتتى، ئەمما سۆڭەكمىز تېخىمۇ چىڭىدى، ياۋا كۆكتاتلاردا ئاچلىقنى باستۇق، ئەمما ئىرادىمىز تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى؛ كوماندىر ـ جەڭچىلەر جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىللە بولدۇق، ئىنقىلابىي غايىمىز ھەممىدىن ئۈستۈن كەلدى.» دەل يۈكسەك غايە ۋە قەتئىي ئېتىقادنى كۈچلۈككە يۆلەنچۈك قىلغاچقا، جاپا ـ مۇشەققەتنى يەتكۈچە تارتىپ پولاتتەك تاۋلانغاچقا، پارتىيە ۋە قىزىل ئارمىيە جاپا ـ مۇشەققەت ئىچىدە قەدەممۇقەدەم مېڭىپ غەلىبە يولىنى تېپىپ چىققان.

### ■ ئارمىيە بىلەن خەلق ئۆزئارا يۆلەك بولۇپ ئىنقىلاب چوغىنى چاچتى

جۇڭچىڭنىڭ چىجياڭ رايونىنىڭ شىخاۋ بازىرى، شيۇشەن ناھىيەسىنىڭ ياجياڭ بازىرى قاتارلىق جايلاردا، چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان، شەكلى ھەر خىل «قىزىل ئارمىيە ئۆتكۆرى» ھازىرغىچە ساقلىنىپ، شۇ جايدىكى پۇقرالارنىڭ قىزىل ئارمىيەنى ئەسلەش، قىزىل ئەسلىمىگە ۋارىسلىق قىلىشىدىكى مۇھىم ۋاستىگە ئايلاندى.

ياجياڭ بازىرى جياڭشى كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى لى جۈېن تاغ ئېتىكىدىكى ئادەمنىڭ بېلىگە كەلگۈدەك ئېگىزلىكتىكى، چوڭقۇرلۇقى ئون نەچچە مېتىر كېلىدىغان بىر تاش ئۆتكۆرنى مۇخبىرغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ، دادىسى لى مۇفۇنىڭ ئىلگىرى بۇ يەردە يارىلانغان بىر قىزىل ئارمىيە جەڭچىسىنى قۇتقۇزۇۋالغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. ھېلىقى قىزىل ئارمىيە جەڭچىسىنىڭ ئۆكچىسىگە ئوق تېگىپ يارىلانغان ئىكەن، دۈشمەننىڭ بايقاپ قالماسلىقى ئۈچۈن، لى مۇفۇ ئۇنى ئۆيىنىڭ كەينىدىكى تاش ئۆتكۆرگە يوشۇرۇپ قويۇپ، قېلىن ئوت ـ چۆپلەرنى سېلىپ ئۇنى ئارام ئالدۇرغان ھەم ئۇنىڭ يارىسىغا دورا سۈرۈپ تاماق ئاپىرىپ بەرگەن، چاي قايناتىپ يارىسىنى يۇيغان.

لى جۈېن ئەسلەپ مۇنداق دېدى: دادام ئىلگىرى، ئەينى يىللاردا قىزىل ئارمىيە ئاممىنىڭ يىپ ـ يىڭنىسىنىمۇ ئالمايتتى، بەلكى دائىم پۇقرالارنىڭ غەم ـ ئەندىشىسىنى تۈگىتىپ، قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بېرەتتى، بۇ كۆپچىلىكتە ناھايىتى ياخشى تەسىر قالدۇرغان دېگەنىدى. قىزىل ئارمىيە جەڭچىسى كەتكەندىن كېيىن، دادام ئۇنى ئىزچىل ياد ئېتىپ، ئۇنىڭ ساق ـ سالامەت قوشۇنغا قايتىپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلىپتۇ. بۇ قىزىل ئارمىيە جەڭچىسى كېيىن دۆلەت قۇرۇلۇشقا قاتناشقان جياڭجۈن دۇەن سۇچۇەن ئىكەن، 49 يىلدىن كېيىن ئۇ يىراق يوللارنى بېسىپ شيۇشەن تېغىغا قايتىپ كېلىپ، شەپقەتچىسىنى ئىزدەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ھېكايە شۇ جاينىڭ پارتىيە تارىخىغا كىرگۈزۈلۈپتۇ.

ئۇزۇن سەپەر خىتابنامە، ئۇزۇن سەپەر تەشۋىقات ئەترىتى، ئۇزۇن سەپەر ئۇرۇق چېچىش ماشىنىسى. ئۇزۇن سەپەر جەريانىدا، قىزىل ئارمىيە بارغانلا يېرىدە تىرىشىپ پۇقرالارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشتى، شۇنداقلا ئىنقىلاب چوغىنى چاچتى. ئاشۇ قىزىل ئەسلىمىلەر، ئاشۇ ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ ئۆزئارا يۆلەك بولىدىغان چوڭقۇر مۇھەببىتى تارىخنىڭ يىل ھالقىلىرىغا ئورۇلۇپ، ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملاشتى.

قىزىل ئارمىيەنىڭ شىخاۋغا بېرىش ھېكايىسىنى 57 ياشلىق چېن ۋېنچۇەن بەش قولدەك بىلىدۇ. ئۇنىڭ دادىسى ۋە بوۋىسى قىزىل ئارمىيەنى كۆرگەن بولۇپ، كىچىكىدىن تارتىپ ئۇنىڭغا قىزىل ئارمىيەنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بېرەتتى. 17 يېشىدىن باشلاپ، چېن ۋېنچۇەن شۇ جايدىكى قىزىل ئارمىيە كۆۋرۈكىنى خالىس قوغدىدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدا، ئۇ يەنە مەبلەغ چىقىرىپ 3000دىن ئارتۇق خىش كاھىش سېتىۋېلىپ، كەنت ئاھالىلىرى بىلەن بىرلىكتە قىزىل ئارمىيە كۆۋرۈكىنى يېڭىلىدى. «ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز قىزىل ئارمىيە كۆۋرۈككە مېھرى بارلىقىنى، بۇ يەردە تۇرغان ئىكەن، ئۇنى سۆيۈشى، ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەكلىكىنى ئېيتقان» دېدى چېن ۋېنچۇەن.

جۇڭچىڭنىڭ يوۋياڭ ناھىيەسى نەنياۋجيې بازىرى جۇڭچىڭ تەۋەسىدىكى بىردىنبىر ئۆلكە دەرىجىلىك سوۋېت ھاكىمىيىتى قۇرۇلغان جاي. بۈگۈنكى نەنياۋجيېنى ئايلانغاندا، «قىزىل ئارمىيە» شەكسىز ئەڭ روشەن ئامىل ھېسابلىنىدۇ. بۇ جايدىكى يوللار «قىزىل ئارمىيە ئوتتۇرا كوچىسى» «قىزىل ئارمىيە يېڭى كوچىسى» دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ يەردىكى دوختۇرخانا «قىزىل ئارمىيە دوختۇرخانىسى» دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ يەردىكى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ھويلا تېمىغا بەش بۇرجەكلىك يۇلتۇز نەقىش قىلىپ ئويۇلغان. بۇ يەردىكى نۇرغۇن پۇقرا چوڭلار ئېيتىپ بەرگەن قىزىل ئارمىيەنىڭ ھېكايىلىرىنى ھېلىمۇ ئەسلەيدۇ.

ئاممىنى ئىنتىپاقلاشتۇرغاچقا، ئاممىغا تايانغاچقا، پارتىيە بىلەن قىزىل ئارمىيە خەلق ئاممىسىنىڭ چىن قەلبىدىن ھىمايە قىلىشى ۋە قوللىشىغا ئېرىشىپ، ئۇزۇن سەپەرنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى ئىشقا ئاشۇردى. خەلق ئاممىسى ئۇزۇن سەپەرنىڭ غەلىبە قىلىشىدىكى كۈچ مەنبەسى.

### ■ ئۇزۇن سەپەر روھى مەڭگۈ ئۈزۈلمەيدۇ

ياپيېشىل تاغلار ئارىسىدا، جۇڭچىڭدىكى تومۇزدىمۇ كىشىلەر ئىنتايىن كۆپ كېلىدىغان خۇڭيەن كەنتى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇردى. پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ساياھەتچىلەر بۇ يەرگە يىغىلىپ، خۇڭيەن روھىدىن تەسىرلىنىپ، ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيەسى ئالدى.

خۇڭيەن كەنتى ئىلگىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان رايوندىكى قوماندانلىق مەركىزى ئىدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئومۇمىيۈزلۈك پارتلىغاندىن كېيىن، جوۋ ئېنلەي، دۇڭ بىۋۇ، يې جيەنيىڭ، دېڭ يىڭچاۋ قاتارلىق 25 مىڭ چاقىرىملىق ئۇزۇن سەپەرگە قاتناشقان پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرى ۋە پېشقەدەم قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرى بۇ يەرگە كېلىپ بىرلىك سەپ خىزمىتىنى قانات يايدۇرغان، شۇنداقلا ئۇزۇن سەپەر روھى ۋە ئىنقىلاب ھەقىقىتىنى تاغلىق شەھەردىكى خەلقنىڭ قەلبىگە چاچقان.

«بىز بوران ـ چاپقۇنلۇق كۈرەش يىللىرىدىن ئېتىقادنىڭ كۈچىنى قوبۇل قىلىپ، پارتىيەنىڭ ئەسلىي مەقسىتى ۋە بۇرچىنى چۈشەندۇق.» خۇڭيەن كەنتىدە ئېكسكۇرسىيە قىلىۋاتقان بىر ساياھەتچى سۆز قالدۇرۇش خاتىرىسىگە شۇنداق دەپ تەسرات يازدى.

ئۇزۇن سەپەرنىڭ ئاخىرلىشىش نۇقتىسىدىن ئۈزلۈكسىز ئاتلىنىپ، بىر غەلىبىدىن يەنە بىر غەلىبىگە قاراپ مېڭىشتا، پارتىيە خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ يول بويى ئالغا ئىلگىرىلىدى، ئۇزۇن سەپەر روھىنىڭ ئىچكى مەزمۇنىمۇ يېڭى دەۋردە ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى ۋە بېيىدى.

بىر دەۋرنىڭ شۇ دەۋرگە خاس باش تېمىسى بولىدۇ، بىر دەۋر كىشىلىرىنىڭ شۇ دەۋر كىشىلىرىگە خاس بۇرچى بولىدۇ. يېڭى ئۇزۇن سەپەر يولىدا، ھەربىر جۇڭگولۇقنىڭ ھەممىسى باش پېرسوناژ، ھەممىسىنىڭ بىر ئۈلۈش مەسئۇلىيىتى بار. كەلگۈسىدە يەنە نۇرغۇنلىغان «قارلىق تاغ» «ئوتلاق»لاردىن ھالقىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ، يەنە نۇرغۇنلىغان «لوۋشەنگۈەن» «لازىكوۋ»لارنى بويسۇندۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

ئۇزۇن سەپەر مەڭگۈ داۋاملىشىدۇ. مەيلى ئىشلىرىمىز تەرەققىي قىلىپ قايسى باسقۇچقا بارسۇن، مەيلى قانچىلىك زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولۇشىمىزدىن قەتئىينەزەر، ئۇلۇغ ئۇزۇن سەپەر روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، يېڭى ئۇزۇن سەپەر يولىدا داۋاملىق جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىشىمىز كېرەك. **(مۇخبىرلار دىڭ مېي، خۇ لۇ، جوۋ ۋېنتاۋ، ۋۇ كۇنپېڭ، گۇەن كەيلياڭ، شۆ بىلى، لى يەن، ياڭ جيەنەن) (شىنخۇا ئاگېنتلىقى، چۇڭچىڭ، 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ـ قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# ياڭ چۈنزېڭ: 1 ـ دەرىجىلىك ئۇرۇش قەھرىمانى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، شىجياجۇاڭ، 7 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر لى جۈېي)** خېبېي ئۆلكىسىنىڭ شاخې شەھرىدىكى ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى ھەيۋەتلىك، سۈرلۈك ئىدى، قەبرىستانلىقنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا ئېگىز قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان خاتىرە تاشتا «ئىنقىلابىي قۇربان ياڭ چۈنزېڭ مەڭگۈ ھايات» دېگەن توققۇز چوڭ خەت چاقناپ تۇراتتى.



ياڭ چۈنزېڭنىڭ سۈرىتى □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى

ياڭ چۈنزېڭ، 1929 ـ يىلى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ شاخې ناھىيەسى(ھازىرقى شاخې شەھرى)دە تۇغۇلغان، 1945 ـ يىلى 10 ـ ئايدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىگە قاتناشقان، مەلۇم قىسىم مەخپىيەتلىك بۆلۈمىنىڭ ئالاقىچىسى بولغان. 1948 ـ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن. 1951 ـ يىلى 3 ـ ئايدا جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسىمغا قاتنىشىپ چاۋشيەنگە كىرىپ ئۇرۇش قىلغان.

1952 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، ياڭ چۈنزېڭ تۇرۇشلۇق پىدائىي قىسىم 35 ـ شى 104 ـ تۇەن 4 ـ ليەن جياڭيۈەن ۋىلايىتىنىڭ جىنچېڭ شەھىرى شۇۋدۇڭنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى نامسىز ئېگىزلىكنى ساقلاۋاتقان جەنۇبىي چاۋشيەن ئارمىيەسى پايتەخت شىسى 26 ـ تۇەن 11 ـ ليەنگە ھۇجۇم قوزغىغان، كۈچلۈك توپ ـ زەمبىرەك ئوتىنىڭ ياردىمىدە، پىدائىي قىسىمنىڭ ئەزىمەتلىرى جەنۇبىي چاۋشيەن ئارمىيەسىنىڭ مۇداپىئە سېپىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئېگىزلىكنى ئىشغال قىلىپ، مۇھاپىزەتچى ئارمىيەنىڭ بىر پەي ئەسكىرىنى پۈتۈنلەي يوقاتقان، دۈشمەن ئارمىيەسى ئۈزلۈكسىز قايتۇرما ھۇجۇم قىلغان.

ئەتىسى تاڭ سۈزۈلگەندە، دۈشمەن ئارمىيەسىنىڭ توپ ـ زەمبىرەكلىرى ئارمىيەمىز ئىستىھكامىنى شىددەتلىك بومباردىمان قىلىپ، ئىستىھكامنى توپا ـ چاڭ قاپلىغان. دۈشمەن ئارمىيەسىنىڭ قوزغىغان بىرقانچە قېتىملىق قايتۇرما ھۇجۇمىنىڭ ھەممىسى ئارمىيەمىز تەرىپىدىن چېكىندۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇلار جىتۇەن بويىچە ئاتاكىغا ئۆتكەن. ياڭ چۈنزېڭ تەمكىنلىك بىلەن زەمبىرەكچى ئەسكەرلەرگە ئۈستۈن ئوت كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ دۈشمەنگە قارىتىپ ئوت ئېچىشقا بۇيرۇق قىلىپ، سەھەردىن چۈشتىن كېيىن سائەت 3كىچە شىددەتلىك جەڭ قىلغان، سانى ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ دۈشمەننىڭ ئون نەچچە قېتىملىق قايتۇرما ھۇجۇمىنى چېكىندۈرۈپ، دۈشمەننىڭ 200دىن ئارتۇق ئادىمىنى ئۆلتۈرگەن ۋە يارىلاندۇرغان.

گۇگۇم چۈشكەندە، ئارمىيەمىز ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراپ، ئىستىھكامدا پەقەت ياڭ چۈنزېڭ، سانىتار ئىككىيلەن ۋە بىر تال گراناتلا قالغان. بۇ چاغدا، 100دىن ئارتۇق دۈشمەن ئەسكىرى يەنە بىر قېتىم ھەردەك يوپۇرۇلۇپ كەلگەن. جىددىي پەيتتە، ياڭ چۈنزېڭ ھايات قېلىش پۇرسىتىنى سەپداشقا قالدۇرۇپ، گراناتنى كۆتۈرۈپ، باتۇرلۇق بىلەن دۈشمەن توپىغا ئېتىلىپ كىرگەن، دەھشەتلىك پارتلاش ئاۋازى بىلەن تەڭ قويۇق ئىس كۆتۈرۈلۈپ، ياڭ چۈنزېڭ دۈشمەننى پارتلىتىپ ئۆلتۈرۈپ، ئۆزى قۇربان بولغان.

ئىستىھكام ساقلاپ قېلىنغان، ئەمما ياڭ چۈنزېڭ قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان. ياڭ چۈنزېڭنىڭ باتۇرلۇق بىلەن ئۆزىنى بېغىشلاش روھىنىڭ ئىلھامىدا، 4 ـ ليەن دۈشمەن ئارمىيەسى بىلەن ئۇدا تۆت كۈن قايتا ـ قايتا تىركىشىپ، دۈشمەن ئارمىيەسىنىڭ 30 قېتىمغا يېقىن قايتۇرما ھۇجۇمىنى چېكىندۈرۈپ، دۈشمەننىڭ 600دىن ئارتۇق ئادىمىنى ئۆلتۈرگەن، يارىلاندۇرغان، ئەسىرگە ئالغان.

1952 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسىمنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنى ياڭ چۈنزېڭنى ئالاھىدە دەرىجىلىك تۆھپە كۆرسەتكەن، دەپ تولۇقلاپ ئەنگە ئالغان، «جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسىمنىڭ 1 ـ دەرىجىلىك ئۇرۇش قەھرىمانى» «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئۆلگىلىك پارتىيە ئەزاسى» دېگەن ناملارنى تولۇقلاپ بەرگەن. 1953 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، چاۋشيەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتى ئالىي خەلق كېڭىشى دائىمىي كومىتېتى ياڭ چۈنزېڭغا «چاۋشيەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قەھرىمانى» دەپ تولۇقلاپ نام بەرگەن.

# ۋۇ شيەنخۇا: پارتلاتقۇچ بوغچىسنى كۆتۈرۈپ ئوت دېڭىزىغا بۆسۈپ كىرگەن كۈرەش قەھرىمانى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، چېڭدۇ، 7 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر گاۋ جيەنجۈن)** سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ سۈينىڭ شەھىرىدىكى ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىدىكى پەلەككە تاقاشقان ئىككى رەت ئارچا دەرىخى يېنىدا، «قولىدا پارتلاتقۇچ بوغچىسنى كۆتۈرۈپ، ئاتاكىغا ئۆتكەن» بىر پىدائىي قىسىم ئەسكىرىنىڭ مىس ھەيكىلى بار —— بۇ ئامېرىكا جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش كۈرەش قەھرىمانى ۋۇ شيەنخۇانىڭ خاتىرە ھەيكىلى. ھەر يىلى 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە كۈنىدە، شۇ جايدىكى كادىرلار، ئامما بۇ يەردە پارتىيەگە كىرىش قەسىمىنى تەكرارلايدۇ، نەچچە يۈز ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بۇ يەردە «بىز كوممۇنىزم ئىزباسارلىرىمىز»نى تەڭ ئېيتىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى ئالىدۇ.



ۋۇ شيەنخۇانىڭ سۈرىتى □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى

ۋۇ شيەنخۇا، 1927 ـ يىلى سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ سۈينىڭ شەھىرى ئەنجۈ رايونى دۇڭشەن بازىرىدا تۇغۇلغان، باللىق چاغلىرىدا ئائىلىسى نامرات ئىدى. خۇسۇسىي مەكتەپتە ئىككى يىل ئوقۇغاندىن كېيىن، 15 يېشىدا ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇپ ھەربىي سەپكە كىرگەن. گومىنداڭ قوشۇنىدا ۋۇ شيەنخۇا يەتكۈچە قىينالغان. 1949 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، ئۇ جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىگە قاتنىشىپ كېيىنكى يىلى 8 ـ ئايدا يېڭى دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقىغا كىرگەن. 1951 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، ۋۇ شيەنخۇا «ئامېرىكا جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىپ، يۇرتنى مۇھاپىزەت قىلىپ ۋەتەننى قوغداش» چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسىمغا قاتنىشىپ، ئامېرىكا جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئالدىنقى سېپىگە ئاتلانغان.

1951 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن 6 ـ ئايغىچە ئېلىپ بېرىلغان ئامېرىكا جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىدىكى 5 ـ قېتىملىق جەڭدە، ۋۇ شيەنخۇا دۈشمەننىڭ غالجىرلارچە ئوققا تۇتۇشى ۋە بومباردىمان قىلىشىغا قارىماي، يارىلانغان بەنجاڭنى ئىستىھكامدىن يۈدۈپ چۈشكەن، يەنە جەڭ مەيدانىغا قايتىپ دۈشمەنگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ، دۈشمەننىڭ ئۈچ قېتىملىق قايتۇرما ھۇجۇمىنى چېكىندۈرۈپ، شەرەپ بىلەن 3 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، دەپ ئەنگە ئېلىنغان. شۇ يىلى 8 ـ ئايدا، ئۇ شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن.

شۇنىڭدىن كېيىن، ۋۇ شيەنخۇا تۇرۇشلۇق قىسىم شىمالغا يۆتكەلگەن، ئۇ ليەنبۇغا يۆتكىلىپ، ئېغىر كېسەل بولۇپ قالغان ليەنجاڭنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغان، ئۇزاق ئۆتمەي 2 ـ ليەن 1 ـ پەي 3 ـ بەننىڭ بەنجاڭلىقىغا تەيىنلەنگەن. قىسىم مۇداپىئە ئاكوپى ياساپ قاتناش ئاكوپى قازغاندا، ۋۇ شيەنخۇا كاللىسىنى ئىشلىتىپ، ئالدى بىلەن تۆۋەن قەۋەتنى كولاش، ئاندىن ئۈستۈنكى قەۋەتنى چېقىش ئۇسۇلىنى ئويلاپ چىقىپ، ئىش ئۈنۈمىنى ئىككى ھەسسە ئۆستۈرگەن. تاش لەخمىنى ياسىغاندا، ئۇ يەنە ئەپچىل ئۇسۇلنى تېپىپ چىقىپ، پارتلىتىش سۈرئىتىنى 30 سانتىمېتىردىن 50 سانتىمېتىرغا يەتكۈزگەن. ۋۇ شيەنخۇا سەپداشلىرىغا باھاردەك ئىللىق مۇئامىلە قىلاتتى. ئاكوپ ياسىغاندا، ئوتۇن يارغاندا پالتا يېتىشمىسە، ئۇ جەڭچىلەرنى ئارام ئېلىشقا بۇيرۇپ، ئۆزى قار ـ شۇۋرغانغا قارىماي كېچىچە ئىشلەيتتى. كەچتە كۆپچىلىك ئۇخلاپ قالغاندىن كېيىن، ۋۇ شيەنخۇا يەنە جەڭچىلەرنىڭ ئاياغلىرىدىكى مۇز پارچىلىرىنى تازىلاپ، ئوتقا قاقلاپ قۇرۇتاتتى. جەڭچىلەرنىڭ پۇتى ئۇششۇپ قالسا، ئۇ پايپىقنى جەڭچىلەرگە بېرىپ، ئۆزى پايتىما بىلەن پۇتىنى ئورىۋالاتتى. ۋۇ شيەنخۇا جەڭچىلەرنى باشلاپ ئاكوپ ياساش ۋەزىپىسىنى كارامەت ياخشى ئورۇنداپ، يەنە شەرەپ بىلەن 3 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، دەپ ئەنگە ئېلىنغان.

ليەندۈي تۇرۇشلۇق جاينىڭ يېقىن ئەتراپىدا مەشىق قىلغاندا، ۋۇ شيەنخۇا تۇرۇشلۇق بەن چاۋشيەنلىك بىر يۇرتداشنىڭ ئۆيىدە تۇرغان. بۇ ئائىلىدە پەقەت بوۋاي، موماي ۋە ئۇلارنىڭ ئىككى كىچىك نەۋرىسى بار بولۇپ، تۇرمۇشى قىيىن ئىدى. شۇڭا، ۋۇ شيەنخۇا بىلەن جەڭچىلەر ھەم مەشىق قىلىدىغان، ھەم بوۋايغا ياردەملىشىپ ئىش قىلىشىپ بېرىدىغان ئۇسۇلنى ئويلاپ تاپقان: تاغقا يامىشىش مانېۋىرى قىلغاندا، ھەربىر كىشى بىر باغلام قۇرۇق ئوتۇن يۈدۈپ قايتقان؛ ئاتاكىغا ئۆتۈش مانېۋىرى قىلغاندا، قىغنى يۈدۈپ تاغقا ئېلىپ چىققان، كۆممقوناقنى يىغىپ ئۆيگە ئېلىپ كەلگەن؛ كەچتە كەم پوستتا تۇرسا، شۇ ئات ـ ئۇلاغلارغا ئوت سېلىپ بەرگەن. بوۋاي بىلەن موماي ئىنتايىن تەسىرلىنىپ، پىدائىي قىسىم ئەسكەرلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدەك كۆرگەن.

1952 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 5تە، گۈەندەيلى قايتۇرما ھۇجۇم جېڭى باشلانغان. ۋۇ شيەنخۇا بەندىكى پارتىيەلىك جەڭچىلەرنى يېتەكلەپ «پارتىيە ئېھتىياجلىق بولغاندا، ئۆز ھاياتىمىزنى تەقدىم قىلىشنى خالايمىز!» دەپ قەسەم بەرگەن، كېيىن ۋۇ شيەنخۇا پۈتۈن بەننى ئىككى پارتلىتىش گۇرۇپپىسىغا ئايرىپ ئۇلارغا قوماندانلىق قىلىپ نىشانغا قاراپ ئېتىلغان. ئۇدا بىرقانچە پوتەينى پارتلاتقاندىن كېيىن، ئۇدۇلدىن ھۇجۇمغا ئۆتكەن قىسىم يەنىلا دۈشمەننىڭ پىلىموت بىلەن ئوققا تۇتۇشى ئاستىدا ئىلگىرىلىيەلمىگەن، پارتلىتىش گۇرۇپپىسىمۇ ئىنتايىن ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىغان. مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە، ۋۇ شيەنخۇا ئون كىلوگرام كېلىدىغان پارتلاتقۇچ بوغچىسىنى كۆتۈرۈپ ئوت دېڭىزىغا قاراپ ئېتىلغان، يولدا ئوق تېگىپ يىقىلغان بولسىمۇ يەنىلا يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوققا قارىماي دۈشمەننىڭ ئوت كۈچى نۇقتىسىغا قاراپ ئۆمىلەپ بارغان، ئاخىر پىلىكنى تارتىپ لەخمىگە ئېتىلىپ كىرىپ، دۈشمەننىڭ 40 نەچچە ئادىمىنى پارتلىتىپ ئۆلتۈرۈپ، قىسىمنىڭ ئىلگىرىلەش يولىدىكى توسالغۇنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، گۈەندەيلى قايتۇرما ھۇجۇم جېڭىنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن شارائىت ياراتقان. ۋۇ شيەنخۇا قەھرىمانلارچە قۇربان بولغاندا ئاران 25 ياشتا ئىدى.

1952 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، پىدائىي قىسىم سىياسىي بۆلۈمى ۋۇ شيەنخۇانى «ئالاھىدە دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى» دەپ تولۇقلاپ ئەنگە ئالغان ھەم «1 ـ دەرىجىلىك پارتلىتىش قەھرىمانى» دەپ تولۇقلاپ نام بەرگەن. شۇ يىلى 12 ـ ئايدا، ئۇنىڭغا پىدائىي قىسىم سىياسىي بۆلۈمى تەرىپىدىن «نەمۇنىلىك پارتىيە ئەزاسى» دەپ نام بېرىلگەن. ۋۇ شيەنخۇا ھايات ۋاقتىدا تۇرغان بەن يەنى 12 ـ جۈن 100 ـ تۇەن 1 ـ يىڭ 2 ـ ليەن 3 ـ بەنگە «ۋۇ شيەنخۇا بېنى» دەپ نام بېرىلگەن.

1953 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، چاۋشيەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتى ئالىي خەلق كېڭىشى دائىمىي كومىتېتى ۋۇ شيەنخۇاغا «چاۋشيەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتى قەھرىمانى» دەپ تولۇقلاپ نام بەرگەن ھەم ئۇنىڭغا ئالتۇن يۇلتۇز مېدالى ۋە 1 ـ دەرىجىلىك دۆلەت بايرىقى ئوردېنى بەرگەن.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياغرىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)